# 中國西北文獻叢書·二编

西北少數民族文字文獻 第三卷

中國西北文獻叢書編委會

中國西北文獻叢書二編·第四輯

# 西北少數民族文字文獻

第三卷

甘肅省古籍文獻整理編譯中心　編

# 本卷目録

塔蘭奇史（察合臺文）

〔民國〕阿不都拉先生霍加木比爾著…………… 一

安寧史（察合臺文）

〔清〕毛拉·穆薩·本·毛拉·艾薩·和卓·賽拉米著……………………………… 七一

# 塔蘭奇史

察合臺文。〔民國〕阿不都拉先生霍加木比爾著。該書還被稱作《伊犂地區史》、《伊犂史》、《塔蘭奇突厥史》。成書於1920年，原稿不存。現存爲1956年西力普·尤努斯根據原稿鈔寫而成的。全書由前言、“伊犂省”、“伊犂準噶爾汗國的建立”、“伊犂的滿族統治者和塔蘭奇”等24個小題目和一個結束語組成。在前言中簡述了突厥語民族的來源，突厥人所起的作用。正文主要敘述了伊犂的社會、政治、經濟狀況，以及伊犂各族人民爲反抗清朝政府的殘暴統治而舉行起義的過程、伊犂蘇丹的建立、沙俄入侵及其施行的殖民主義政策等等。本文即是西力普·尤努斯的手鈔本。

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# تارانچى تارىخى

XXXXXXXXXXXXXXXXXXXXXXXXXXX

## « قورغاسلىق ئابلائەپەندى ئەسەرى »

==============================

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر
تەتقىقات ئورنى ئەسلىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن
قايتا كۆپەيتىپ باستى

1975- يىلى 4- ئاي

بىز ئۇيغۇر ئالىملىرى ، خۇسۇسەن تارىخچى تەرەككىلىرى
ئاتا - بابىلىرىمىزنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەھۋالى تارىخىي
لىرىنى ئەل تۈزەر ئەسىل ئەرلىرىمىزنىڭ تەرجىمە ئەھۋاللىرىنى
سۆزنىڭ قىسقىسى ، ئۇلارنىڭ ئەسلى تارىخىنى ئوبدان بىلمە -
گەنلىكىمىزدىن ئاغىنە - ئۇنىگە ، ئەل - يەخى ، يىراق - يېقىن
بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئاڭقىرىپ ئاجرىتالمايمىز. مانا شۇ -
سانالغان ئىشلارنى بىلىپ ئاڭقىرىش كېرەك دېسەك ، ھەممىدىن
ئىلگىرى ئەسلى تارىخنى بىلىش كېرەك بولىدۇ ، زادى ئەسلى
تارىخنى بىلىشتىن مەقسەت ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ كۈن كۆ -
رۈش ئەھۋاللىرىنى ، باشلىرىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ، ئەتتان يولنى
رىنى ، دوس - دۈشمەنلەرنى خۇلاسە قىلىپ ، پەقەت ئەھۋال ۋە
ئەيپلىرىنى بىلىپ شۇندىن ئىبرەت ئېلىپ تەجرىبىلەر ھاسىل
قىلىپ ، كەلگۈسى ياشاش ۋە كۈن كۆرۈش يوللىرىنى تۈزەپ ، ز -
يانسىز ئىسلاھلارغا قاراپ ، شۇ تەجرىبىلەر ئارقىسىدا ، پەقەت ئەل
ئومۇمىي بىلەن مەسئۇد ( خۇشال ) ۋە بەختىيار ياشاشتۇر. دېمەك
ئەسلى تارىخنى بىلىش مۇتلەقەن ( مطلقاً ) لازىمدۇر. لېكىن بۇ -
گۈنگىچە ئۇيغۇر نەسەب مىللىي تارىخىنى تەۋسىپ ئېتىلگىنى يوق ،
بۇنىڭ ئەستىگە ئۇيغۇر تارىخىدا ئىسىم تارىخىي مەلۇماتلارمۇ
تا يېپىراقدۇر ، شۇنداق بولسىمۇ قاراپ ياتىش بولمايدۇ. تارىخ
بىلەن تونۇش ، دىگى -- دىلغۇر پەتەكچىلىرىمىز ئارقىسىدا
دا لىچىماي ، شامدىغا يىلىنىپ ئىشتا چەشمە تەزرلەك بىر تارىخ
ۋەجەتتا چىقىرىش چوقۇمدۇر. ئۆزىگە ئەللەر بىزنىڭ تارىخى -
ئەھۋاللىرىمىزنى بىلىش ئۈچۈن ئالتە شەھەر چوللىرىنى ---ى

كېرەك . ئەرپان، قومۇل خارابىلىرىنى كولاپ، يەر تېگىدىن چىققان تاش، ۋە باشقا بۇيۇملار جابدۇقلار ۋاستىسى بىلەن تارىخنى ماتېرىيال لار يىغىپ يەنە ئالەمگە تارقىتىپ تۇرغاندا، بىز نىڭكىلەر ئۆزگىلەر تەرىپىدىن تارقىتىلىپ مەيدانغا چىققان، مەلۇماتلارنى يېزىش، قانارلىق ھەممە تىلىرى ۋە غەيرە تىلىرى بولسىمۇ بىزنى ئۆزىمىزنىڭ مۇرۇ نالىغىمىزنى كورىمىز .

ئەمدى بۈگۈن ئۇيغۇرلار، ئۆچۈن ئۆمۈمى مىللى تارىخ يېزىشنى ئوربابىنە قويۇپ، بىز بالغۇزچاق يېتىشكە قاراپ تارانچى تۈركلىرىنىڭ تارىخىدا ئىسىم بولغان ۋەقەلەرنى ژىغىپ ئۆشبۇ «تارانچى تارىخى» ئاتلىق رىسالىنى تەرتىپ قىلماقتا كىرىشتۇق، بۇ تەفرىدىكى مەلۇمات ئالىمىزنىڭ كەمچىل ۋە چولـ تىلىغىنى بىلسەكمۇ بۇ يولدا تەشەببۇس ئەتكەچى كورۇلمىگە نـ لىكتىن (يېتىمچى قالغۇچە ئىپتىپ قال) دەپ بىرىپ قالدا قچى بولدۇق. ئۆشبۇ «تارانچى تارىخى» ئاتلىق رىسالىنى تۈزەشتىن مەقسىدىمىز --- تارانچى بالىلىرىنى ئۆز تارىخىنى، ئەجدادلىرى بىلەن تونۇشتۇرماقتۇر. شۇنىڭ ئۆچۈن ئەڭ بالدۇر تارانچى تۈركلىرىنىڭ بالدۇرقى ھەمكېيىنكى تارارگاھى بولغان «ئىلى ئولكىسى» توغرىسىدا قىسقىچىنا مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈشنى لازىم كوردۇق .

### ئىلى ئولكىسى

ئىلى ئەسلىدە تىلكەس، خانتەڭرى، نەزارات، ئاقسۇ، ئاغيار، كوكسۇ، كونەس، خاش، دەم ئاتلىق تاغلاردىن چىقىپ، بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ، بالقاش كولىگە قۇيۇلغان دەريانىڭ ئىسمىدۇر .

ئىسلامنىڭ سۈيى ئەلۋەك، ئولكە يېرى كەڭرى، تەبىرىتى مەنبەت
مەھسۇلاتى كۆپ، تاغ ۋە ئېدىرلىرى تەرلىك – تەرلىك مەدەن
(كان) لەرگە باي. تاش كومۇرى، قوللا، ھاۋاسى ئوبدان.

جۇغراپىيەۋى مەۋقەسى — كونا ۋە يېڭى مەركەزلىرىنى
يەنى ئالمىلىق، غۇلجا ۋە تاينۇقلارنى ئىستېبارغا ئالغان چاغدا
٣خ . دەرىجە غەربىي شىمالى ۋە ٩٧٫٧٤ دەرىجە خول شەرقتەدۇر.
ئىلى ئۆلكىسىنىڭ شۇنداق ئوبدان ئالىغىدىن بولساكېرەك، بۇرۇن
قى زامانلاردىن بىر سىلابە ئولكە تەراپلىرىنىڭ جەڭگاھىسى
بولۇپ كەلمەكتەدۇر. ئىلىدا ياشىغان تۈركلەر — ئۇيغۇرلار بو-
لۇپ، زاماندا لوازىممەنىت دىن سانالغان ئىشلارنىڭ ھەر
بىرى بىلەن ئىشغال قىلغان ئىقلىرى مىللى مۇئەررىخلەر تە-
رىپىدىن تەسىرىنە (تەھرىخ) قىلىنمىشدۇر. بۇرۇنقى زامانلاردا
ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان كوچمەن تۈركلەر تولا بەۋەك (بىباك)
بولغانلار ئۇلار دېڭىز دولقۇنىدەك تالانىڭكەڭ سەتمىدە
(يۈزىدە) بىر ئەيالقا، بىر بۇيالقا ئېقىپ، بىر-بىرىنى
دەپسەرۇپ، قوغلاپ يۈرۈشكەنلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخ
ئىلىنىڭ كونا ئەھۋالىنى كۆرسىتەلمەيدۇ، ئىلىنىڭ مىلادتىن
ئەۋۋەلقى يەھسالامدىن ئىككى ئەسىر بالدۇرقى ئەھۋالى قا-
راڭغۇلۇقتا مەستۇر بولسا، دەل شۇ چاغلاردا «تيانشان» نىڭ
شىمالىدا ھازىرقى تارباغاتاي بىلەن ئىلى چۆللىرىدە سەككى
دەپ ئاتالغان بىر خەلقنىڭ تۇرغانلىغى مەلۇمدۇر. مىلادىدىن
١٧١ يىل ئىلگىرى موڭغۇل قومىسىغا مەنسۇپ «ھۇنغ» لار
تەرىپىدىن سۈرۈلگەن «گىستى» لەر «سى» لەرنى سىقىپ بې-
سىپ ئولتۇرۇشلار ئىدى، كېيىن ئالتەشەھەر ۋىلايىتى خوتەن

چۈرۈشىدە يەرگەن «ئاۋسەن»لەر «گىستى»لەرنى قوغلاپ ھازىرقى
يەتتەسۇ ۋىلايىتىدە ھۆكۈم سۈردىلەر، بۇلارنىڭ باش بارگاھى ئىسسىق
كۆلنىڭ جەنۇبىي شەرقىدە ۋاقسە ئىدى، مىلادىدىن بۇرۇن ئەسىر
بالدۇر بالدۇر مەشھۇر سەيياھ «چىزان» تىمىزان» خىتايلار
تەرىپىدىن ئۇيسۇنلارغا ئەلچى بولۇپ كەلدى، مەزات ظان تەگرى
ۋە ئىسسىق كۆل توغرىسىدا تارىخ مەلۇمات بەرگەن ئەشۇ زاتتۇر.
مەندىن كېيىن ئۇيسۇن بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدا ئىسنا قىلىق
باشلاندى، ئەمما مىلادىنىڭ ئەسىرىنىڭ يېرىمىدىن (3) ئەسىر-
گىچە (خىتايلار بۇ تەرەپلەر بىلەن قاتنىشىپ لەشىدى، بەزىدە
ئۇيسۇنلارنىڭ يەرلىرىنى «توڭخۇيتە» ئېلىپ ئۇيسۇنلارنى تىيان-
شان تېغىغا سۈرگەن ئىدى. 4-ئەسىرلەردە ۋە 6-ئەسىرلەردە ئاتلىق
ياقىلىرىدىن كەلگەن تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا 2 ھۆكۈمەت
تۈزگەن ئىدىلەر، غەربىي ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزى يەتتەسۇ
ئىدى. ٧ ئەسىر مىلادىدە پەرغانە باشلانغان قالايمىقانچىلىق
غەربىي ھۆكۈمەتنىڭ يولىنى شىمالغا بۇردى ھەمدە بوچاغدا
يەتتەسۇدا «بەددا» دىنى تارالغان ئىدى. بەھال خىتايلارنىڭ
بۇيا قلابىلەن قاتنىشىشقا يېڭى يول ئاچتى. بەددا سەيياھلىرىدىن
«سۈەن-تسان»- مەزات بىلەن ئىسسىق كۆلگە چۈشۈپ يەتتەسۇ ۋىلايىتىدە
سايا ھەت قىلدى، ئىسلىھەم يەتتەسۇدا ياشىغان تۈركلەرنىڭ مە-
ئىشەت ۋە مەدەنىيەتلىرىگە دائىر مۇپەسسەل مەلۇمات قالدۇرغان
مۇشۇزاتتۇر. ٧ ئەسىر مىلادىنىڭ ئاراغىدىراق ئوتتۇرا ئاسىيا ھۆ-
كۈمەتلىرى ئۆز-ئارا بولغان تالاشلىرىنىڭ نەتىجىسىدە خىتايلار
غا قارىدى، ٨ ئەسىرلەرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەتتەسۇ «قارلۇق»
لەرگە ئۆتتى، بۇلارنىڭ باش بەغالىرى «يابغۇ» ئاتالاتتى.

١٥- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەجۇسى تۈركلەردىن بىر تائىپە قارلۇقلارنىڭ ھۆكۈم- پەرمانلىشىنى يوقىتىپ، يەتتەسۇغــــا جايلاشتى، بولارنىڭ باشبۇغالىرى « بۇغراخان » ئاتىلاتتى .

( باشبۇغالىرىنىڭ لەقىمىگە قارىغاندا بۇ تۈركلەر ئەسىر- نىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئەرۋاغلىرىدىن ئۇيغۇر توققۇز ئوغۇزلاردىن بىر تائىپە ئىكەنلىكى ئويلانادۇر . ) ١١٢٤ ئەسىر ميلادىنىڭ بېشىدىن تارتىپ ، ئىلى ھەم يەتتەسۇ قاراختايلارغا ئۆتتى . بولارنىڭ خانىغا « گورخان » دېيىلەتتى ١١٣٠ ئەسىر ميلادىنىڭ بېشىدا گورخان ھۆكۈمىتى « كۈچلۈك نايمان » دېگەنگە ئۆتتى، بۇ چاغدا ئىلى غۇلجىدا يېڭى بىر خان پەيدا بولدى، بۇ بىلدۇرقى قاراقچىلار باشلىقى بولغان « بوزئەر » ئاتلىق بىر ھەسسىل- مان بولۇپ ، شۇ چاغلىق كۈچ بىلەن ھەركەت قىلدىكى، ئاخىرى « ئالمالىق » شەھىرىنى ئېلىپ « توغرول خان » ئاتالدى . بۇنىڭ ئۈستىگە چىڭگىزخان جەڭگىۋارلىرىدىن « خوبىلاي » چېرىك بىلەن كېلىپ، ئوز يەڭگەۋا سال تابە قىلدى . ئەمما كۈچ- لۈك نايمان چولا تېپىپ بوزئەرنى ئولتۇرۇپ ئالمالىقنى- يا ندۇرۇپ ئالدى . ميلادى ١٢١٨ چىڭگىز جەڭگىۋارلىرىدىن «جو- بەنويان » نۇرغۇن چېرىك بىلەن كېلىپ ، نايماننى قوغلاپ بوزئەرنىڭ ئوغلى « سوقناق » نى ئالمالىققا ئولتۇرغۇزدى.

( شۇكەزدە ئىلىدا سايا ھەت قىلىپ يۈرگەن « يەلۋى- نسا ي » ئىلى ئولكىسىنىڭ مەمۇرچىلىقىنى ، ئاشلىق ۋە يەل - يېمىش مەھسۇلاتىنىڭ ئاۋۇنلىقىنى يازدۇ . ) مەشھۇر چىڭگىزخاننىڭ ئۇلۇغ مەملىكىتى ئوغلانلىرى ئارىسىدا بولۇنگەندە ئىلى- ئولكىسى « چاغاتاي » دېگەن ئوغلىنىڭ بىرلۇمگە دا خىـــل



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

بولغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن چاغاتاي ۋەبالىلىرى تولاراق ئىلى
ياقىسىدا تۇردىلەر، بولارنىڭ بارگاھى «توب غورداك»، «ئاو-
لوغا ييپ» دېگەن ئورۇن ئىدى، ئازىر «ئاق قورغان» ئاتىلىدۇ.

٣ ئىستىماللىقا كورە ئازىرقى «قاينوقدۇر» چاغاتاي خاننىڭ
ئەسىرى بىلەن ئولتۇرۇلگەن مۇسۇلمان ئاتىمى «يوسۇن سەككاكى»
نىڭ خونوخا يىدە بولىشى بە ئىستىماللىقى ئوۋۇچ تالەيدۇ. ئىلى ئەترا
پى كېيىنرەك چاغاتاي يالىقلارنىڭ ئوز-ئارا ئۇرۇش مەيدانى بولدى.

١٢٦٢ م . يدا «ئارىق بوقا» ئالغۇيلىرى مەندە قاتىلىق
ئۇرۇشلەردە بولدىلەر. مەنداق ئوز-ئارا بولغان ئۇرۇشلارنىڭ
نەتىجىسىدە پاتىپ خانلار يوتكىلىپ تۇردى، ئازىرزامانىدىلا چا-
غاتايلاردىن ىر چە «20چە» خان ئوتتى. ئۇشبۇ تەرىقە ئۇرۇش-جېدەل
لەر توفرساغۇ كاشغەر، ئالاتاغ ۋە ئۇيغۇرستاندا چاغاتاي اودومىدىن
نائىزالەتىمان بىر موكۇمدار قالدى، شۇ سەۋەپتىن موگغۇل تور-
لىرى بۇخارادىن «ئەل خۇاجە» لەقەملىك «ئىسىيان بۇغا» دۋان-
چىچەن ئوغلىنى ئالدۇرۇپ ئۇيغۇرستاندا خان كوتەردى. ئىسىيان بۇ-
غانىڭ توقالى «مىڭلى خاتۇن» دىن «توغلۇق تومۇر» ئاتلىق بىر
ئوغۇل دۇنياغا كەلدى، بۇ بالا ئاتىسى بىلەن موگغۇلستاندا ئۇزۇتۇلدى،
سەۋەبى: ئىسىيان بۇغانىڭ چوڭ خوتۇنى «ساتىلمىش خاتۇن» نىڭ
كۈنچىلىكىدۇر. ئىسىيان بۇغا ئولۇش بىلەن ئۇيغۇرستان يەنە خانسىز
قالدى، بۇغانىڭ يېقىن تورلىرىدىن امىر يولاچى --(٧٤٨ ھىجرىيە ١٣٤٨ مىلادى)
دە موگغۇلستانغا بېرىپ باشقى تۇغلۇق تومۇرنى ئەپكىلىپ خان
كوتەردى، ٧٥٤ع ھىجرىيەدە توغلۇق تومۇر ئوز ئوردىسىدا «رشىد بىرا-
دى» دېگەن بىرزا تىنىڭ تەلىگى بىلەن مۇسۇلمان بولدى، بۇ گا تور-
لەردىن «جوراس» قا ئوخشاش قارشىكەلگەن بولسىمۇ، ئاخىرى ئوز-

لىرىمۇ مۇسۇلمان بولدىلار، ئىلىنىڭ وجه تسمىيەسى توغرىسىدا
مۇسۇلمان مۇئەررىخلىرى مەشھۇر ۋەقەنى كەلتۈرىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخان
بىلەن 160 مىڭ كىشى ئىسلامىيەت دىنىنى قوبۇل قىلغان. يېڭى مۇسۇل-
مانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىخلاسلىرىنى كۆرسەتمەك ئۈچۈن باشلىرى-
دىكى نىشانتە كۇفر سانالغان تەلپەكلىرىنى دەرياغا تاشلىغان
ئىكەندىن دەريا تولۇپ، بوغۇلۇپ ئىلى ياقىسىدىكى-
كۆرەنى خاراپ ئەتمەك بولغاندا تەلپەكلەرنى دەريادىن-
ئېلىپ تاشلاڭلار دېگەن چاغدا (ئىلھە — ئىل ھە) دەپ ۋاقىرىغان
ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىل ھە (ئىلە) بولۇپ بۇ دەرياغا ئات بولۇپ
قالغان، بولمىسا بۇ دەريانىڭ بالدۇرقى ئىسمى «جەم» ئىدى
دەيدۇ، بەزەۋەرلەرنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇسۇلمان بولغان
قىسمى توغرى بولۇپ، ئىلىنىڭ وجه تسمىيەسى توغرىسىدىكى
غەلەتىتۇر. ئىلى سۆيى ئانداق تەلپەكلەر بىلەن توسۇلۇپ قال-
غىدەك ئازەمەس. ئىلىنىڭ لۇغەت مەنىسىنى تەكشۈرسەك يەنە
مەنىسى باشقىچىدۇر. (ئىلى — ئىلىق) سۆزلىرى ئۇيغۇر-
لاردا، ئالتەشەھەر تارانچىلىرىدا كۆزگە يېتىملىق ۋە خوش كۆ-
رۈنۈشلۈك مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. دېمەك ئىلىنىڭ قال-
ماقچە ئىسمى «جەم» بولسىمۇ، ئۇيغۇرچە «ئىلى» دۇر. لېكىن
قالماقلارنىڭ ئىلىدا ئالتۇن دېيىشى يەنە مەلۇمدۇر، بولارنىڭ
ئالتۇن دېيىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى بۇرۇنقى زامانلاردا تۆرك-
لەر دەيدىغان موڭغۇللار چوڭ ئادەملەرنىڭ قەبرىسىگە ئۇلۇغلاپ
«ئالتۇنلۇق» دېگەنلەر. بۇ كۈندە تارانچىلارنىڭ خونەخاي-
دىكى «يەسۇق ساككاكى» نىڭ قەبرىسىنى ئۇلۇغلاپ ئال-
تۇنلۇق دېيىشى شۇنىڭدىن بولسا كېرەك. ھازىر ئىلىنىڭ

كۆن چىقىشتىكى قارادوڭدە بۇرۇنقى قالماقلارنىڭ ، قونتاجى-
نىڭ خارابىلىرى بار ، قەۋرىلىرى ھەم بولسا كېرەك. شۇنىڭ
ئۈچۈن قالماقلار ئىسلىغا « ئالتۇن » دىگەنلەرختا يىلارما-ا
ئىسلىغا « جىن دىگىسى » دەيدۇ ، يەنى ئالتۇنلۇق دىمەكتۇر . ئۇيغۇر
باللىرىنىڭ ئىسمى دىيىشىگە كەلسەك ، ئالتەشەھەرنىڭ قۇملۇق
توپىلاڭ چوللىرىدە ئۆسكەن ئۇيغۇر بالىسى ئىسمىنىڭ كوكمايسا
يا يىلاقلىرىنى كورۇش بىلەن ئىختىيارسىز ئىسمى دەپ تاشلىغان ،
بىز شۇنداق دەپ ئويلىدۇق ، شايىت ( ئىسپات ) توغرىدۇر .
تۇغلۇق تومۇرخان مەملىكەت كېڭەيتىش يولىدا دىگىلىككىنە
بىر ئادەم ئىدى . ئۇ تۇرك ئەمىرلىرى بىلەن قىلغان ئۇرۇشلىرىدە
ھەممە ۋاقىت مۇۋەپپىقىيەت قازىنىپ كەلدى . ئىمىر تومۇردەك بە-
لەرنى ئۆزىگە قاراتتى . ١٣٦ يىلى مىلاددا ئالتەشەھەرنىمۇ
قولىغا ئالدى، ئۆز قولىغا كىرگەن يەرلەرنىڭ ئاۋات ۋە مەمۇر بو-
لۇشىغا تىرىشتى ، ئوغلى ئىلياس خوجانى سەمەرقەنتكە قويۇپ
ئۆزى ئىلىدا تۇرغان چاغدا ۋاپات بولدى ، قەۋرىسى قورغاستىدۇر
تۇغلۇق تومۇر ئولگەندىن كېيىن، ئىلياس خوجا بىلەن ئىمىر تومۇر
ئارىسىدا جېدەل چىقىپ ئىلياس خوجا يېڭىلىپ ئىلىغا قايتىپ
كەلگەن ئىدى ، كەينىدىن ئىمىر تومۇر قوغلاپ كېلىپ ئىلياس خو-
جىنى ئولتۇردى، ھەم تۇغلۇق تومۇرخاننىڭ بىر قىزىنى نىكايىغا
ئېلىپ ، تەختى بولغان « كولتاشنى » ئېلىپ « كورەگەن» لەقىبىنى
تاقىپ ياندى . ئىمىر تومۇر بۇ سەپىرىدە ئۇلۇق يۇلتۇزغىما بار-
غان ئىدى ، ئىلياس خوجا ئولگەندىن كېيىن ئۇكىسى خىزىر خوجا-
خان بولدى. خىزىر خوجا تۇرپان ۋە قومۇل ئاھالىسىنى ئىسلامىيەت
سىردىسىگە كىرگۈزدى.

جىتا يلار بىلە نىمۇ ئۇرۇشۇپ بىر قانچە شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى،
تۇرپاندا -- مىر فوندە (٧٩٣ ه‍ . [illegible]) مەندىن كېيىن ئوغلى
شاھ جاھان خان بولدى، (٨١١ ه‍ ١٤٠٨ م) ئاندىن كېيىن خىزىر خوجا-
نىڭ ئوغلى مەھەممەت خان بولدى، يېقىنقى زامانلاردا ئاچا-
نوخوجەرىدە بۇخاتىنىڭ نامىغا سوغۇلغان تەڭگىلەر تېپىلدى .
مەندىن كېيىن شاھ جاھاننىڭ ئوغلى نەقىش جاھان خان بولدى،
بۇنىڭ كەينىدىن خىزىر خوجىنىڭ شىر ئېلى ئاتلىق ئوغلىنىڭ
ئوغلى« ئويىس خان » خان بولدى، ئويىسخان زامانىسىدا قالـ
ماقلارستانغا (جايىغا) نەچچە دا پىقەر خوجەم قىلىپ ئىلى بويىدا
قاتتىق ئۇرۇشلار بولدى . ئويىسخاننىڭ قەۋرىسى غۇلجىدىن
٧ چاقىرىم كەن چىقىشتا ئورال تاغنىڭ تەۋىدە شىمال تەرەپ
تىكى « سۇلتان ئويىس » ئاتلىق بىر قەۋرىدۇر . ئەمما بۇ تەرەپ
خەلقى بۇ قەۋرىنى يەمىن دىن كەلگەن « ھەزرىتى سۇلتان
ئويىس ئەلقەرنى » رەھمەتۇللائەلەينىڭ قەۋرىسى دېيىشىدۇر ، لېكىن
ھەقىقەتەن بۇ قەۋرە مەزكۇر ئويىسخاننىڭ قەۋرىسىدۇر . بىزنىڭ
ئىلى ۋە ئەترا پىتا نامى مەجھۇل (نامەلۇم) مازارشىپلار كوپ،
بولارنىڭ تولاراغى تۈرك بەگلىرى، چىنغار تورىلىرىنىڭ
قەۋرىلىرى بولۇشى ئېھتىمال . ئويىسخاننىڭ ۋاپاتىدىن
كېيىن بۇنىڭ « يۇنۇس » ۋە ئىسسابۇغا ئاتلىق ئىككى ئوغلى
ئارىسىدا خانلىق تالىشىش بولدى، ئىسسابۇغا موغۇل بەگ-
لىرىنىڭ يولىگى بىلەن خانلىقا ئولتۇردى، يۇنۇسخاننى
قوغلىدى. يەنى ٨٣٨ - ه‍ ع ١٤٣٤ - ٣٥ م ئۆزى ٨٦٢ ه‍ دا ئۆلدى .
ئەندىن كېيىن ئورنىغا دوست مەھەممەت خان بولدى ، ئەنـ
دىن كېيىن ئوغلى« كېپەك » سۇلتان خان بولدى، يۇنۇس كېپەكنى

ئولتۇرۇپ ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزدى. يەنى ٨٩٧ - ١٤٧٢ - يىلى

« ئىسلىدا جۇڭغار دۆلىتىنىڭ تەشكىللىنىشى »

12 - ئەسىردە يەتتەسۇ ۋىلايىتىدە قازاق، قىرغىز ئۇرۇقلىرى
بولۇپ تۇردى. 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قازاقلار، قالماقلار تەرىپىد-
دىن قوغلاندى. ١٦٣٤ - يىلى تارىختا ئىسلىدا جۇڭغار خانلىقى تەشكىل-
قىلىندى. باشلىقلىرى موڭغۇللار باتۇرلىرىنىڭ ئودومىدىن
قالغان « غالدان ئاتلىق » بىر قالماق ئىدى. غالدان موڭغۇل قە-
بىلىلىرى بىلەن ئوز - ئارا بولغان ئۇرۇشلاردا ئۈستۈن بولدى. بۇ
ئىمايىۋە ئەتراپىنى تامام قولغا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئالتە
شەھەرنى زەپتە (ئىگىللەش) قىلىشنىڭ ئويىغا چۈشكەن ئىدى. شۇ -
كەمدە ئالتە شەھەرنى چاغاتاي ئودومىدىن « ئىسمايىلخان » سوراپ
تۇراتتى. ئىسمايىلخان بىلەن دوكەمەتتە چۈن تالىشىپ تۇرغان مەخ-
تۇم ئەزەم ئەۋلادىدىن ئاپپاق خوجا دېگەن بىر كىشى بار ئىدى.
ئاپپاق خوجا ئىسمايىل خاننىڭ ئوز ئۈلكىسىدە تۇرىشىغا يول قويمىدى
بىلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپپاق خوجا ئىلىغا چۈشۈپ غالداننىڭ قا-
يولۇقتى، ئوز ئىسلامنىڭ مىرات - مەخسەتلىرىنى تامام ئۇختۇردى، ۋە
ئوزىنىڭ ئالتە شەھەردە ئەگەشكۈچىلىرى نۇرغۇنلىقىنى ۋە غالدان
يار دەم قىلغاندا ئالتە شەھەرنى ئىشغال قىلىشنىڭ ئوڭاي بولىشىنى
ئەيتىپ غالداننى قانائەتلەندۈردى، غالدان بىر يىل چاغلىق
ئۇرۇشتا راسلىنىپ ئىسمايىلخاننىڭ ئۈستىگە يۈرۈپ ئاپپاق خو-
جىنىڭ يولىغى بىلەن ئالتە شەھەرنى ئوڭايلا ئىشغال قىلدى. ئىسما-
يىلخاننى ئەسىر ئالدى، ئىسمايىلخاننى ئىلىغا ئەپكىلىپ يوق قىلدى.
ئالتە شەھەرنىڭ ئىچكى سورىغى ئاپپاق خوجىنىڭ يار دىمىگە ۋە مەركا-

پاتىشا ئۆزىگە تاپشۇرۇلدى. دېمەك، شۇ تارىختىن ئېتىبارەن
ئالتەشەھەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچى تۈگەپ مۇستەقىل تۇرغان
ئالتەشەھەر قالماقلارغا تابىئە بىرايالىق بولۇپ قالدى.
١٠٩٩-١(٢)٨٧ — تارىخىدا جۇنغار دۆلىتىنىڭ باشلىقى غالدان
ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئورنىغا خەلىپە بولغان «قونتاجى»
ئولتاردى، قونتاجى ئۆز زامانىسىدا ئاپپاق خوجا بىلەن بەك
ئىناق بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئالتەشەھەرنىڭ ھەممە چوڭ شە-
ھەرلىرىدىكى بېرەر نازىرنى ئۆز قالمىقىدىن قويۇپ خوجىلارنىڭ
ئەھۋال ۋە ھەركەتلىرىنى بايقاپ تۇرۇشنىمۇ ئۇنۇتمىغان
ئىدى، ئاپپاق خوجىنىڭ قونتاجىغا ئاخلامى تام ئىدى، قونتاجىدىن
قالغان ئەسىرلەرنى ئېلىشمۇ باردۇر. جۇملىدىن بىرى، قاينوق
قىرىيسىگە (يېزىسىغا) يېقىن ئوردىسى بولۇپ، بۇنىڭ تام-
لىرى تېخىچە باردۇر. چاغاتاي ۋە بالىلىرىنىڭ ئوردىلىرىدا شۇ-
ئورۇندا ئىكەنلىكى گۇمان قىلىنىدۇ. «قاينوق ياكى خانبا-
لىق» دېگەن سۆزلەردىن ئۆزگەرگەن بولسا كېرەك. ئاپپاق خوجا
ۋاپات بولۇشى بىلەن باراۋەر قونتاجىمۇ ۋاپات بولدى، بۇ-
ئىككى مەملىكەت بىر يولىلا ۋارىسلار قولىدا قالغان ئىدى، شۇ-
كەزدە ئاپپاق خوجىنىڭ رەقىبلىرىدىن «كاسانى خوجىلار» دەپ
بىر تائىپ خوجىلار بار ئىدى، ئاپپاق خوجىنىڭ ئۆلۈشى بىلەنلا
بۇلار جانلاندى. بۇلارنى قاچۇرماستىن ئاپپاق خوجىنىڭ بالىلىرى
قالماقلارغا قارشى قوزغىلۇشقا ھازىرلىنىۋاتىدۇ دەپ قەشقەر
نازىرى «ئاباغازجان» تورىگەچا قىرىق قىلدى، نازىر بۇ ھالنى
قونتاجىنىڭ دادىسى «باستوقو» غا بىلدۈردى، شۇندىن كېيىن
قالماقلار خوجىلاردىن شوبھىلىنىپ رەھىن (زەن قويۇش) سوردى.